| 2. ذ | اِنَّمَا اَنْتَ مُنْذِرُ مَنْ يَخْشَاهَا | صَوَابًا ذٰلِكَ |
| 3. ث | اَدْنٰى مِنْ ثُلُثَيِ اللَّيْلِ | يَوْمَئِذٍ ثَمَانِيَةٌ |

| | | |
|---|---|---|
| 4. ك | اَرَاَيْتَ اِنْ كَذَّبَ وَتَوَلّٰي | كِتَابٌ كَرِيمٌ |
| 5. ج | مَنْ جَاءَ بِالْحَسَنَةِ | كِذَّابًا جَزَاءً |
| 6. ش | فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ | غَفُورٌ شَكُورٌ |
| 7. ق | مِنْ قَبْلُ | رِزْقًا قَالُوا |
| 8. س | مِنْ سَعَتِهِ | بَشَرًا سَوِيًّا |
| 9. د | وَمَا مِنْ دَابَّةٍ | صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا |
| 10. ط | كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ | قَوْمًا طَاغِينَ |
| 11. ز | قَدْ اَفْلَحَ مَنْ زَكّٰيهَا | غُلَامًا زَكِيًّا |
| 12. ف | فَمَا كَانَ لَهُ مِنْ فِئَةٍ | اَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَاٰوٰى |
| 13. ت | اِلَّا مَنْ تَابَ | جَنَّاتٍ تَجْرِي |
| 14. ض | وَمَنْ ضَلَّ فَاِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا | مَكَانًا ضَيِّقًا |
| 15. ظ | اِلَّا مَنْ ظَلَمَ ثُمَّ بَدَّلَ حُسْنًا | ظِلًّا ظَلِيلًا |

## تەھلىلي مەشىق

«آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا اُنْزِلَ اِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ»
«اِنَّا اَرْسَلْنَا اِلَيْكُمْ رَسُولاً شَٰهِدًا عَلَيْكُمْ»

1. «اُنْزِلَ» دېگەن سۆزدە ساكىنلىق «ن» بار، بۇ ساكىنلىق نۇندىن كېيىن «ز» كەلگەنلىكى، «ز» نىڭ اِخْفَاء ھەرپى بولغانلىقى ئۈچۈن، «ز» دا اِخْفَاء قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

2. «رَسُولاً شَٰهِدًا» دېگەن سۆزدە تەنۋىن بار، بۇ تەنۋىندىن كېيىن «ش» كەلگەنلىكى، «ش» نىڭ اِخْفَاء ھەرپى بولغانلىقى ئۈچۈن «ش» دا اِخْفَاء قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

3. اِخْفَاء دېگەن نېمە؟ اِخْفَاء ھەرپلىرى قانچە؟

## 2. تەشدىدلىك مىم ۋە نۇننىڭ ئوقۇلۇش ھالىتى
## (حُكْمُ النُّونِ وَالْمِيْمِ الْمُشَدَّدَتَيْنِ)

تەشدىدلىك مىم ۋە تەشدىدلىك نۇن قانداق جايدا كېلىشتىن قەتئىينەزەر، ئىككى ھەركەت مىقدارى «غُنَّة» بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

«مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ» «ثُمَّ، عَمَّ»
«وَاَنَّا لَمَّا سَمِعْنَا الْهُدٰى اٰمَنَّا بِهِ»

### تەھلىلىي مەشىق

«قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ»، «فَاَمَّا مَنْ اَعْطٰى وَاتَّقٰى»

1. «اَلنَّاسِ» دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەشدىدلىك «ن» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ «ن» نى ئىككى ھەركەت مىقدارى غُنَّة بىلەن ئوقۇش زۆرۈردۇر.

2. «فَاَمَّا» دېگەن ھەرپ بولسىمۇ بۇنىڭدىكى «م» تەشدىدلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوخشاشلا بۇ «م» نىمۇ، ئىككى ھەركەت مىقدارى غُنَّة بىلەن ئوقۇش زۆرۈردۇر.

3. تەشدىدلىك «م» ۋە «ن» قانداق ئوقۇلىدۇ؟ غُنَّة دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ھەركەت مىقدارى قانچىلىك؟

# 3. ساكىنلىق مىمنىڭ ئوقۇلۇش هالەتلىرى
## (اَحْكَامُ الْمِيمِ السَّاكِنَةِ)

ساكىنلىق مىم تۆۋەندىكى ئۈچ خىل هالەتتە ئوقۇلىدۇ.

1) ساكىنلىق «م»، «ب» غا يولۇققاندا، ساكىنلىق «م»، بىر غُنَّة بىلەن اِخْفَاء قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل اِخْفَاء بولسا «اِخْفَاء شَفَوِي» يەنى لەۋ اِخْفَاء سى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

«تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ» «وَهُمْ بِالْآخِرَةِ» «ثُمَّ اِنَّكُمْ بَعْدَ ذٰلِكَ لَمَيِّتُونَ» «وَ كَلْبُهُمْ بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ»

2) ساكىنلىق «م»، «م» غا يولۇققاندا ساكىنلىق «م»، تولۇق غُنَّة بىلەن اِدْغَام قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ اِدْغَامْ بولسا، «اِدْغَام مُتَمَاثِلَيْنِ» يەنى ئوخشاش هەرپنىڭ اِدْغَام قىلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

«لَهُمْ مَايَشَاءُونَ عِنْدَ رَبِّهِمْ» «لَهُمْ مَثَلاً» «وَلَكُمْ مَا فِي الْاَرْضِ» «اَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ»

3) ساكىنلىق «م» دىن كېيىن «ب» ۋە «م» دىن باشقا يىگىرمە ئالتە هەرپتىن هەرقانداق بىر هەرپ كەلسە، ساكىنلىق «م»، اِظْهَار قىلىنىپ

ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل اِظْهَار، اِظْهَار شَفَوِي» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

«لَمْ يَكُنْ» «اَلَمْ تَرَ» «لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ» «اِرْجِعْ اِلَيْهِمْ فَلَنَاْتِيَنَّهُمْ»

## تەھلىلى مەشىق

«ثُمَّ يُقَالُ هٰذَا الَّذِي كُنْتُمْ بِهِ تُكَذِّبُونَ»

«تَنَزَّلُ الْمَلٰئِكَةُ وَالرُّوحُ فِيهَا بِاِذْنِ رَبِّهِمْ مِنْ كُلِّ اَمْرٍ»

«صِرَاطَ الَّذِينَ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلاَ الضَّالِّينَ»

1. «كُنْتُمْ بِهِ» دېگەن سۆزدە ساكىنلىق «م»، «ب» غا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ساكىنلىق «م»، بىر غُنَّة بىلەن اِخْفَاء قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ، بۇ خىل اِخْفَاء بولسا اِخْفَاء شَفَوِي بولىدۇ.

2. «رَبِّهِمْ مِنْ» دېگەن سۆزدە ساكىنلىق «م» ھەركەتلىك «م» غا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىكى ساكىنلىق «م» تولۇق غُنَّة بىلەن اِدْغَام قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ اِدْغَامِى بولسا، «اِدْغَام مُتَمَاثِلَيْنِ» دەپ ئاتىلىدۇ.

3. «اَنْعَمْتَ»، «عَلَيْهِمْ غَيْرِ»، «عَلَيْهِمْ وَلاَ» يۇقىرىدىكى ساكىنلىق «م» دىن كېيىن كەلگەن ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى، «ب» ۋە «م» دىن باشقا

اِظْهَار هەرپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاردىكى ساكىنلىق «م» ، اظهار بىلەن ئوقۇلىدۇ.

4. اِظْهَار شَفَوِي نىڭ هەرپلىرى قانچە؟

ساكىنلىق «م» ، بۇ هەرپلەرگە يولۇققاندا قانداق ئوقۇلىدۇ؟

5. «اِدْغَام مُتَمَاثِلَيْنِ» دېگەن نېمە؟ قايسى هەرپ اِدْغَام مُتَمَاثِلَيْنِ نىڭ هەرپى دەپ ئاتىلىدۇ؟ قانداق هالەتتىكى «اِخْفَاء» ، اِخْفَاء شَفَوِي دەپ ئاتىلىدۇ.

# 4. ساكىنلىق لاملارنىڭ ئوقۇلۇشى
## (حُكْمُ اللاَّمَاتِ السَّوَاكِنِ)

ساكىنلىق لاملار: «ال» نىڭ «لامى»، «فِعْل» نىڭ يەنى ئىش - ھەركەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ «لامى»، «هَلْ» نىڭ «لامى»، «بَلْ» نىڭ «لامى» دەپ تۆت تۈرلۈك بولىدۇ.

### 1) «ال» نىڭ لامى

بۇ «لام»، «قَمَرِيَّة» ھەرپلىرىنىڭ «لامى» ۋە «شَمْسِيَّة» ھەرپلىرىنىڭ «لامى»، دەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ. «قَمَرِيَّة» ھەرپلىرىنىڭ «لامى» بولسا، «قَمَرِيَّة» ھەرپلىرىدىن بۇرۇن كېلىپ ئېنىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان لاملاردۇر. شَمْسِيَّة ھەرپلىرىنىڭ «لامى» بولسا شَمْسِيَّة ھەرپلىرىدىن بۇرۇن كېلىپ، تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالىدىغان لاملاردۇر. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ ئىلىپبە قىسمىدا تەپسىلىي توختالغانىدۇق.

### 2) «فِعْل» نىڭ لامى

«فِعْل» نىڭ لامىدىن كېيىن «ل»، ياكى «ر» ھەرپلىرى كەلسە، اِدْغَام قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

مەسىلەن:

«قُلْ لِمَنِ الْاَرْضُ» «قُلْ رَبِّي اَعْلَمُ»

ئەگەر «فِعْلْ» نىڭ لامىدىن كېيىن «ل» ۋە «ر» دىن باشقا ھەرپ كەلسە، اِدْغَام قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن: «قُلْ هُوَاللّٰهُ اَحَدٌ»

### 3) «هَلْ» نىڭ ۋە «بَلْ» نىڭ لامى

«هَلْ» ۋە «بَلْ» نىڭ لامىدىن كېيىن «ل» ياكى «ر» كەلسە، اِدْغَام قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

«هَلْ لَنَا» «بَلْ لَايَخَافُونَ» «كَلَّا بَلْ لَاتُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ» «قَالَ بَلْ رَبُّكُمْ»

ئەگەر «هَلْ» ۋە «بَلْ» نىڭ لامىدىن كېيىن، «ل» ۋە «ر» دىن باشقا ھەرقانداق ھەرپ كەلسە، اِدْغَام قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن:

«هَلْ تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا» «قَالَ هَلْ آمَنُكُمْ عَلَيْهِ» «بَلْ كَذَّبُوا بِالسَّاعَةِ» «بَلْ ظَنَنْتُمْ» «بَلْ تُؤْثِرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا»

## تەھلىلىي مەشىق

« اَلْقَارِعَةُ مَاالْقَارِعَةُ» «وَالصّٰبِرِينَ وَالصّٰبِرَاتِ» «اِنَّانَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَاِنَّا لَهُ لَحٰفِظُونَ» «هَلْ اَتٰكَ حَدِيثُ الْغٰشِيَةِ» «هَلْ لَكُمْ» «بَلْ رَفَعَهُ اللّٰهُ اِلَيْهِ»

1. «اَلْقَارِعَةُ» دىكى سۆزدە «ل»، قَمَرِيَّة

ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ل»، اِظْهَار بىلەن ئېنىق تەلەپپۇز قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

2. «اَلصّٰبِرِينَ» دېگەن سۆزدە «ل» شَمْسِيَّة ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ل» اِدْغَام قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ.

3. «نَزَّلْنَا» دېگەن سۆزدە «فِعْل» نىڭ لامىدىن كېيىن، «ل» ياكى «ر» كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن «ل» اِظْهَار بىلەن ئوقۇلىدۇ.

4. «هَلْ آتٰكَ» دېگەن سۆزدە «هَلْ» نىڭ لامىدىن كېيىن «ل» ۋە «ر» كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، «ل» اِظْهَار بىلەن ئوقۇلىدۇ. ئەمما، «هَلْ لَكُمْ»، «بَلْ رَفَعَهُ اللّٰه» دا، ئۇنىڭ ئەكسىنچە بولۇپ اِدْغَام بىلەن ئوقۇلىدۇ.

5. ساكىنلىق لاملار دېگەندە قايسى لاملار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟

## 5. مەد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى
(اَلْمَدُّ وَاَقْسَامُهُ)

«مَدْ» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلي مەنىسى سوزۇش دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز بىرى، «~» بەلگىسىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىرى، سۆزلەرنىڭ تېخىمۇ ئېنىق ۋە گۈزەل ئوقۇلۇشى ئۈچۈن، سۆز تەركىبىدىكى «حَرْفُ مد» يەنى سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر (وَاوْ - اَلِفْ - يَاءْ) نى بىر ياكى بىرقانچە ھەركەت مىقدارى سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆزلەرگە كۆپ ھاللاردا «~» بەلگىسى قويۇلىدۇ.

«و - ا - ي»، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال ئاستىدا سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، «مَدّْطَبِيعِي اَصْلِي» يەنى ئەسلي مَدْطَبِيعي بولىدۇ.

بىرىنچى، «و» ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى پەشلىك بولسا، مەسىلەن: يَقُولُونَ، مُفْلِحُونَ.

ئىككىنچى، «ا» ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى زەبەرلىك بولسا، مەسىلەن: قَالَ، بَاعَ.

ئۈچىنچى، «ي» ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى زىرلىق بولسا، مەسىلەن: رَحِيم، عَلِيم. بەزى نۇسخىلاردا «و، ي» نىڭ ئۈستىگە ساكىن بەلگىسى قويۇلسا، بەزى نۇسخىلاردا قويۇلمايدۇ. ماھىيەتتە ئۇ ساكىنلىق ھېسابلىنىدۇ.

مەد بولسا، «اَلْمَدُّالطَّبِيعِي» يەنى تەبىئىي مەد ۋە «اَلْمَدُّالْفَرْعِي» يەنى قوشۇمچە مەد دەپ چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

### 1) تەبىئىي مەد
### (اَلْمَدُّ الطَّبِيعِي)

مەد ھەرپلىرىدىن كېيىن، ھەمزە ياكى ساكىنلىق ھەرپ كەلمىگەن مەد، «اَلْمَدُّ الطَّبِيعِي» دەپ ئاتىلىدۇ. اَلْمَدُّ الطَّبِيعِي ئادەتتە ئىككى ھەركەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: «اَتُمِدُّونَنِي بِمَالٍ» «قَالَ» «مُفْلِحُونَ» «رَحِيمْ» «لِاِيْلاَفِ»

مَدْطَبِيعِي بولسا «مَدُّالْبَدَلْ»، مَدُّ الصِّلَةِ، مَدُّ الْعِوَضْ» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەدنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ھەم ئوخشاشلا ئىككى ھەركەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

#### (1) مَدُّالْبَدَلْ

مَدُّالْبَدَلْ، مەد ھەرپلىرىنىڭ ئالدى ھەمزىلىك بولۇپ، ئارقىدىكى ھەرپ ھەمزىلىك ياكى ساكىنلىق بولمىغان مەددۇر.

مەسىلەن: اُوتِيَ، اِيْمَانًا، آمَنَ

## (2) مَدُّ الصِّلَةِ

مَدُّ الصِّلَةِ، ئىككى ھەركەتلىك ھەرپىنىڭ ئارىلىقىدا كەلگەن ئاياغ ھا' «ە» دىكى (ئەرلەرگە قوللىنىدىغان ئۆچىنچى شەخس كىشىلىك ئالماشتىكى) مەددۇر. مەسىلەن: «اِنَّهُ كَانَ» «وَلَهُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ» «اِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهٖ لَاتَحْزَنْ». بۇ «ە» نىڭ مەد بولۇشىدىكى سەۋەب، «ە» دىن كېيىن بىر مەد ھەرپى يوشۇرۇن بار دەپ قارىغىنىمىز ئۈچۈندۇر.

ئەگەر «ە» دىن كېيىن ھەمزە كەلسە، مەزكۇر «ە» تۆت ھەركەت مىقدار سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ، بۇ خىل ھالەتتە مَدُّطَبِيعِي نىڭ قاتارىدىن چىقىپ، «مَدُّ فَرْعِي مُنْفَصِلْ» غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: «قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ اَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ» «اِنَّمَا اَمْرُهُ اِذَا اَرَادَ شَيْئًا» «وَمِنْ آيَاتِهِ اَنْ خَلَقَ»

## (3) مَدُّ الْعِوَضْ

مَدُّ الْعِوَضْ، سۆز ئاخىرىدىكى قوش زەبەردە (اً اً) توختىغان چاغدىكى مەددۇر. مەسىلەن: «عَلِيمًا حَكِيمًا» «وَالسَّمَاءَ بِنَاءً» «اَلَمْ نَجْعَلِ الْاَرْضَ مِهَادًا وَالْجِبَالَ اَوْتَادًا وَخَلَقْنَاكُمْ اَزْوَاجًا» بۇنىڭ مەد بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ جايدىكى مەدنىڭ ئورنىدا بىردانە قوش زەبەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىش ئۈچۈندۇر.

# تەھلىلى مەشىق

«نُوحِيهَا» «يَسْتَنْبِئُونَكَ» «اِنَّهُ هُوَ اَضْحَكَ وَاَبْكٰي»
«اِنَّ جَهَنَّمَ كَانَتْ مِرْصَادًا»

1. «نُوحِيهَا» دىگەن سۆزدە، ئۈچ دانە «مَدُّ طَبِيعِي» بار. (1) ئالدى پەشلىك «و» دا. (2) ئالدى زىرلىق «ي» دا. (3) ئالدى زەبەرلىك «ا» دە.

2. «يَسْتَنْبِئُونَكَ» دىگەن سۆزدە، مەد ھەرپى بولغان «و» ھەمزىدىن كىيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مَدُّ الْبَدَلْ بولغان.

3. «اِنَّهُ هُوَ اَضْحَكَ» دىگەن سۆزدە «ـه» ئىككى ھەركەتلىك ھەرپىنىڭ ئارىسىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ «ه» مَدُّ الصِّلَةِ بولغان.

4. «مِرْصَادًا» دىگەن سۆزدە، توختىغاندىلا، ئاندىن مِدُّ عِوَضْ ھاسىل بولىدۇ.

5. مَدُّ طَبِيعِي دىگەن نىمە؟ مَدُّ طَبِيعِي نەچچە ھەركەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

## 2) قوشۇمچە مەد
## (اَلْمَدُّ الْفَرْعِيُّ)

«وَاوْ ـ اَلِفْ ـ يَاءْ» دىن ئىبارەت مەد ھەرپلىرىدىن كىيىن ھەمزە ياكى ساكىن مەدگە سەۋەب بولۇپ كەلگەن بولسا، سوزۇپ مەد بىلەن

ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىكى مەد «اَلْمَدُّالْفَرْعِي» (قوشۇمچە مەد) دەپ ئاتىلىدۇ. «اَلْمَدُّالْفَرْعِي» نىڭ سوزۇلۇشى ئادەتتە ئىككى ھەركەت مىقداردىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

«اَلْمَدُّالْفَرْعِي» ، ئاساسەن:

تۇتاشقان مەد (اَلْمَدُّالْمُتَّصِلُ)

ئايرىلغان مەد (اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلُ)

ساكىن سەۋەبلىك مەد (اَلْمَدُّالعَارِضُ لِلسُّكُونِ)

يۇمشاق تاۋۇشلۇق مەد (اَلْمَدُّ اللِّينُ)

زۆرۈرى مەد (اَلْمَدُّ اللاَّزِمُ)

دىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ سوزۇلۇشى ھەققىدە ھەم ئايرىم - ئايرىم بەلگىلىمىلەر بار.

## (1) تۇتاشقان مەد
## (اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلُ)

مەد ھەرپى بىلەن ھەمزە بىر سۆزدە ئارقىمۇ ئارقا كەلگەن بولسا، سوزۇپ مەد بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىكى مەد، اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلُ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەدتە، مەد ھەرپى بىلەن ھەمزە بىر سۆزدە بىرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلُ دەپ ئاتالغان. «اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلُ» نىڭ سوزۇلۇشى ئادەتتە تۆت ھەركەتتىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:

«شَآءَ» «اَلْمَلآئِكَةُ» «اَلطَّآئِفِينَ» «اُولٰٓئِكَ»

«وَ وَجَدَكَ عَآئِلاً»

## تەھلىلىي مەشىق

«وَجَآءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا» «وَجِيٓءَ يَوْمَئِذٍ بِجَهَنَّمَ» «وَمَا مَسَّنِيَ السُّوٓءُ»

1. «جَآءَ» دېگەن سۆزدە ئالدى زەبەرلىك «ا» يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن، ئارقىدىن كەلگەن ھەمزە ئارقىمۇ ئارقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلْ بولۇپ، سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

2. «جِيٓءَ» دېگەن سۆزدە، ئالدى زىرلىق «ي»، يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن، ئۇنىڭ ئارقىدىن كەلگەن ھەمزە، ئارقىمۇ ئارقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلْ» بولۇپ، سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

3. «سُوٓءُ» دېگەن سۆزدە ئالدى پەشلىك «و»، يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىدىن كەلگەن ھەمزە، ئارقىمۇ ئارقا كەلگەنلىكى، ئۈچۈن «اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلْ» بولۇپ، سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

4. «اَلْمَدُّ الْمُتَّصِلْ» نىڭ سوزۇلۇش مىقدارى قانچىلىك؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مدمتصل دەپ ئاتالغان؟

## (2) ئايرىلغان مەد
## (اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ)

مەد ھەرپى بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ھەمزە ئارقىدىكى سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن بولسا، مەد بىلەن سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىكى مەد، «اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەدتە، مەد ھەرپى بىلەن ھەمزە ئايرىم - ئايرىم سۆزدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ دەپ ئاتالغان. اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ نىڭ سوزۇلۇشى ئادەتتە ئىككى ھەركەتتىن بەش ھەركەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:

«اِنَّا أَنْزَلْنَاهُ» «مَا أُنْزِلَ» «قُوا أَنْفُسَكُمْ» «قُلْ رَبِّي أَعْلَمُ» «اِتَّبِعُونِي أَهْدِكُمْ» «اِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ»

## تەھلىلى مەشىق

«يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ مَا غَرَّكَ بِرَبِّكَ الْكَرِيمِ»
«وَتُوبُوا إِلَى اللّٰهِ» «فِي أَيِّ صُورَةٍ مَا شَاءَ رَكَّبَكَ»

1. «يَا أَيُّهَا» دېگەن سۆزدە، ئالدى زەبەرلىك «ا»، يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن «أَيُّهَا» دېگەن ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدا، ھەمزە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ «اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ» بولۇپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

2. «تۇبُوا اِلَى اللّٰهِ» دېگەن سۆزدە، ئالدى پەشلىك «و»، يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن، «اِلَي اللّٰهِ» دېگەن ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدا، ھەمزە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «اَلْمَدُّالْمُنْفَصِلْ» بولۇپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

3. «فِي اَيِّ صُورَةٍ» دېگەن سۆزدە ئالدى زىرلىق «يِ»، يەنى ساكىنلىق مەد ھەرپى بىلەن، «اَيِّ» دېگەن ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدا ھەمزە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «اَلْمَدُّ الْمُنْفَصِلْ» بولۇپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

4. مَدُّ مُنْفَصِلْ نىڭ سوزۇلۇش مىقدارى قانچىلىك؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مَدُّ مُنْفَصِلْ دەپ ئاتالغان؟

## (3) ساكىن سەۋەبلىك مەد
## (اَلْمَدُّالْعَارِضُ لِلسُّكُونِ)

مەلۇم بىر سۆزدىكى مەد ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپ ئەسلىدە ھەركەتلىك بولۇپ، توختاپ ئوقۇغانلىق ئۈچۈن، مەزكۇر ھەركەتلىك ھەرپ ساكىنلىق بولغان بولسا، بۇ خىل ھالەتتە سوزۇپ مەد بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ ھالەتتىكى مەد، «اَلْمَدُّالْعَارِضُ لِلسُّكُونِ» دەپ ئاتىلىدۇ. «اَلْمَدُّالْعَارِضُ لِلسُّكُونِ» نىڭ سوزۇلۇشى ئىككى ھەركەتتىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:

«عِقَابْ» نى «عِقَابْ» دەپ.

«خَالِدُونَ» نى «خَالِدُونْ» «خَبِيرٌ» نى «خَبِيرْ» دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

جەدۋەلگە دىققەت قىلىڭ.

| ھەرکەتلىك ھالىتى | ساكىنلىق ھالىتى |
|---|---|
| اَلرَّحِيمُ - اَلدِّينُ | اَلرَّحِيمْ - اَلدِّينْ |
| مُسْتَقِيمَ - نَسْتَعِينُ | مُسْتَقِيمْ - نَسْتَعِينْ |
| مَرْصُوصٌ - مَوْزُونٌ | مَرْصُوصْ - مَوْزُونْ |
| حِسَابٌ - اَسْبَاطٌ | حِسَابْ - اَسْبَاطْ |

بۇ خىل مەدنىڭ ساكىن سەۋەبلىك مەد دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەگەر مەزكۇر ساكىنلاردا توختىماستىن، بۇ ساكىنلارنى ھەرکەت بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا، بۇنىڭدا مَدُّطَبِيعِي دىن باشقا ھېچقانداق سوزۇش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ.

مەسىلەن:

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ، اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيمَ، مَالِكِ يَوْمِ الدِّينِ، اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِينُ، اِهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ»

# تەھلىلىي مەشىق

«اِنَّ هٰذَا لَهُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ» «مَلِكِ النَّاسِ» «وَهُوَ الْغَفُورُ الْوَدُودُ»

1. «اَلْعَظِيمُ» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى ھەرپى مەد ھەرپى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ، يەنى «م» ئەسلىدە ھەركەتلىك ئەگەر بۇ جايدا توختاشقا توغرا كەلسە، بۇ مىمدىكى ساكىن سەۋەبلىك بۇ سۆز مَدّ عَارِض غا ئايلىنىدۇ.

2. «مَلِكِ النَّاسِ» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى ھەرپى «ا» مەد ھەرپى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ يەنى «س» ئەسلىدە ھەركەتلىك، ئەگەر بۇ جايدا توختاشقا توغرا كەلسە، بۇ سىندىكى سۇكۇن سەۋەبلىك، بۇ سۆز مَدّعَارِضْ غا ئايلىنىدۇ.

3. «اَلْوَدُودُ» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى ھەرپى «و»، مەد ھەرپى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپ، يەنى «د» ئەسلىدە ھەركەتلىك، ئەگەر بۇ جايدا توختاشقا توغرا كەلسە، بۇ «د» دىكى سۇكۇن سەۋەبلىك بۇ سۆز مَدّعَارِضْ غا ئايلىنىدۇ.

4. مَدّ عَارِضْ لِلسُّكُونْ دېگەن نېمە؟ مَدّ عَارِضْللسكون نىڭ سوزۇلۇش مىقدارى قانچىلىك؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مد عارض للسكون دەپ ئاتالغان؟

## (4) يۇمشاق تاۋۇشلۇق مەد
## (اَلْمَدُّ اللِّيْنُ)

مەلۇم بىر سۆزدىكى حَرْفُ اللِّين نىڭ بەنى ساكىنلىق «وَاوْ» ۋە ساكىنلىق «يَاءْ» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك بولۇپ، «وَاو، يَاءْ» دىن كېيىنكى ھەركەتلىك ھەرپتە توختاپ ئوقۇغانلىق ئۈچۈن، مەزكۇر ھەركەتلىك ھەرپ، «اَلْمَدُّ الْعَارِضْ لِلسُّكُونِ» دېگەندەك ئوخشاش ساكىنلىق بولغان بولسا، سوزۇپ مەد بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىكى مەد بولسا، «اَلْمَدُّاللِّين» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇ مەد «و، ي» دىن ئىبارەت ئىككى دانە «حَرْفُ لِين» گە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، اَلْمَدُّاللِّين دەپ ئاتالغان. اَلْمَدُّاللِّين نىڭ سوزۇلۇشى، ئىككى ھەركەتتىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

مەسىلەن:

«قُرَيْشٍ» نى «قُرَيْشْ» دەپ.

«اَلسَّوْءِ» نى «اَلسَّوْءْ» دەپ

«مِنْ شَيْئٍ» نى «مِنْ شَيْئْ» دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش، ئەگەر مەزكۇر ساكىنلاردا توختىماستىن، ھەركەت بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا، ھېچقانداق سوزۇش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ. مەسىلەن:

«لِاِيلاَفِ قُرَيْشٍ، اِيلاَفِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ، فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هٰذَاالْبَيْتِ، اَلَّذِي اَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ»

## تەھلىلىي مەشىق

«عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ» «مِنْ شَيْىءٍ»

1. «اَلسَّوْءِ» دېگەن سۆزدە توختاپ ئوقۇشقا توغرا كەلسە، بۇ سۆز ھەم مَدٌّ عَارِضْ غا ئوخشاش سوزۇلىدۇ.

2. «شَيْىءٍ» دېگەن سۆزدە توختاپ ئوقۇشقا توغرا كەلسە، بۇ سۆز ھەم مَدٌّ عَارِض غا ئوخشاش سوزۇلىدۇ.

3. اَلْمَدُّاللِّين دېگەن نېمە؟ اَلْمَدُّاللِّين نىڭ سوزۇلۇشى قانچىلىك؟

ئۇ نېمە ئۈچۈن اَلْمَدُّاللِّين دەپ ئاتالغان؟

«اَلْمَدُّ اللِّين» بىلەن «اَلْمَدُّالْعَارِض لِلسُّكُون» نىڭ پەرقى نەدە؟

### (5) زۆرۈرى مەد
### (اَلْمَدُّ اللاَّزِمْ)

مەلۇم بىر سۆز ياكى ھەرپ ئاتالغۇسىدىكى مەد ھەرپىدىن كېيىن «وَصْلَة» لىك (ئۇلاپ ئوقۇش) ھالىتىدە بولمىسۇن ياكى «وَقْفَة» لىك (توختاپ) ئوقۇش ھالىتىدە بولمىسۇن ساكىن كەلسە، سوزۇپ مەد بىلەن ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتىكى مەد «زۆرۈرى مەد» (اَلْمَدُّاللاَّزِم) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا مەد ھەرپىدىن كېيىنلا وَصْلَة لىك

هالەتتە بولمىسۇن ياكى وقفة هالەتتە بولمىسۇن داۋاملىق ساكىن بىللە بولىدىغانلىقى ياكى يەتتە قىرائەتنىڭ ھەممىسىدە وَصْلَةلىك هالەتتە بولمىسۇن ياكى وَقْفَةلىك هالەتتە بولمىسۇن سوزۇپ ئوقۇش زۆرۈر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن «زۆرۈرى مەد»، (اَلْمَدُّاللاَزِمْ) دەپ ئاتالغان.

مَدُّلاَزِمْ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1 ـ تەشدىدلىك سۆزدىكى مَدْ لاَزِم (مَدُّلاَزِمْ كَلِمِي مُثَقَّلْ)

2 ـ ساكىنلىق سۆزىدىكى مد لازم (مَدُّلاَزِمْ كَلِمِي مُخَفَّفْ)

3 ـ تەشدىدلىك ھەرپىنىكى مد لازم (مَدُّلاَزِمْ حَرْفِي مُثَقَّلْ)

4 ـ ساكىنلىق ھەرپىنىكى مد لازم (مَدُّلاَزِمْ حَرْفِي مُخَفَّفْ)

## 1 ـ تەشدىدلىك سۆزىدىكى مدلازم (مَدُّلاَزِمْ كَلِمِي مُثَقَّلْ)

بۇ، مەد ھەرپى بىلەن ساكىن بىر سۆزدە بولغان مەد بولۇپ، مەد ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن ھەرپ تەشدىدلىك بولغاچقا «كَلِمِي مُثَقَّلْ» (سۆزى قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان) دەپ ئاتالغان. تەشدىدلىك ھەرپ ماھىيەتتە ساكىنلىق بولغان بولىدۇ.

مەسىلەن: اَلْحَاقَّةُ مَالْحَاقَّةُ (اَلْحَاقْقَةُ)

«وَحَاجَّهُ (حَاجْجَهُ) قَوْمُهُ»

## 2 ـ ساكىنلىق سۆزدىكى مدلازم (مَدُّلاَزِمْ كَلِمِي مُخَفَّفْ)

بۇ، مەد ھەرپىدىن كېيىن تەشدىدسىز ساكىنلىق ھەرپ كەلگەن سۆزدىكى مەد بولۇپ،

بۇنىڭدا مەد ھەرپى بىلەن ساكىن بىر سۆزدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن «كَلِمِي مُخَفَّفْ» (سۆزى يەڭگىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن: «ءَآلْئٰنَ وَقَدْ كُنْتُمْ بِهِ تَسْتَعْجِلُونَ»

### 3 ـ تەشدىدلىك ھەرپتىكى مَدُّلاَزِمْ (مَدُّلاَزِمْ حَرْفِي مُثَقَّلْ)

بۇ، سۈرە بېشىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەد بولۇپ، ئوتتۇرىسى مەد ھەرپى بولغان، مەد ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپى ساكىنلىق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرپى اِدْغَامْ لىق كەلگەن ھالەتتىكى مەددۇر. بۇنىڭدا مەد ھەرپى بىلەن ساكىن بىر ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزىدا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، «حَرْفِي» (ھەرپكە مۇناسىۋەتلىك) دەپ، اِدْغَامْ ھادىسىسى يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن «مُثَقَّلْ» (قاتتىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن: الٓمٓ (لام، ميم)

سۈرىلەرنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ھەرپلەر تۆۋەندىكى 14 ھەرپتۇر:

1 ـ صَادْ، 2 ـ لَامْ، 3 ـ هَاءْ، 4 ـ سِينْ، 5 ـ حَاءْ، 6 ـ يَاءْ، 7 ـ رَاءْ، 8 ـ اَلِفْ، 9 ـ مِيمْ، 10 ـ نُونْ، 11 ـ قَافْ، 12 ـ طَاءْ، 13 ـ عَيْنْ، 14 ـ كَافْ.

### 4 ـ ساكىنلىق ھەرپتىكى مدلازم (مَدُّلاَزِمْ حَرْفِي مُخَفَّفْ)

بۇ ھەم سۈرە بېشىدىكى ھەرپلەرنىڭ
ئوقۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسى مەد
ھەرپى بولغان، مەد ھەرپىدىن كېيىنكى ھەرپى
ساكىنلىق ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى اِدْغَامْسىز
كەلگەن ھالەتتىكى مەددۇر. بۇنىڭدا ئوخشاشلا مەد
ھەرپى بىلەن ساكىن بىر ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزىدا
مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن «حَرْفِي»
(ھەرپكە مۇناسىۋەتلىك) دەپ اِدْغَامْ ھادىسىسى
يۈز بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈن «مُخَفَّفْ» (يەڭگىل
تەلەپپۇز قىلىنىدىغان) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن:
يس (يا سىين) كٓهيٓعٓصٓ (كَافْ هَاءْ يَاءْ عَيْنْ صَادْ)
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا سۈرە بېشىدىكى
مەدكە مۇناسىۋەتلىك ھەرپلەر (حُرُوفْ مُقَطَّعَاتْ)
يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 14 ھەرپتۇر. بۇ
ھەرپلەرنى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۈچ خىلغا
بۆلۈشكە بولىدۇ.
بىرىنچى خىلى: پەقەت سوزۇلمايدىغىنى.
بۇ، «آلٓمٓ، آلٓر» دىكى «آلِفْ» دۇر. چۈنكى بۇنىڭدا
مەد ھەرپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سوزۇلمايدۇ.
ئىككىنچى خىلى: آلْمَدُّ الطَّبِيعِي قاتارىدا
سوزۇلىدىغىنى بۇ «حَيٌّ طَهُرَ» سۆزىدىكى بەش
ھەرپ بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنى ئوقۇغاندا، ئېغىزدىن
ئىككى ھەرپنىڭ تەلەپپۇزى چىقىدىغانلىقى
ئۈچۈن، مَدٌّ طَبِيعِي گە ئوخشاش ئىككى ھەركەت
مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:
حَا، يَا، طَا، هَا، رَا
ئۈچىنچى خىلى: «نَقَصَ عَسَلُكُمْ» سۆزىدىكى

سەككىز ھەرپ بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنى يازغاندا، ئۈچ ھەرپ بىلەن يېزىلىدىغانلىقى، ئوقۇغاندا ھەم ئىبغىزدىن ئۈچ ھەرپ تەلەپپۇزى چىقىدىغانلىقى، ئوتتۇرىسىدا مەد ھەرپى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەرپلەر ئالتە ھەركەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

نۇن، قَافْ، صَاد، عَيْن، سِين، لاَم، كَاف، مِيم

ئەمما «عَيْن» ئىككى ھەركەتتىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە سوزۇلىدۇ.

## تەھلىلىي مەشىق

«اَلطَّآمَّةُ» «آلْئٰنَ» «الٓمٓ (الف، لام ميم)» «حمٓ»

1. «اَلطَّآمَّةُ» دىگەن سۆزدە مەد ھەرپىدىن كېيىن تەشدىدلىك ھەرپ «م» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «مَدٌّ لاَزِمْ كَلِمِي مُثَقَّلْ» بولغان.

2. «آلْئٰنَ» دىگەن سۆزدە مەد ھەرپىدىن كېيىن تەشدىدسىز ساكىنلىق ھەرپ، «لْ» كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «مَدٌّ لاَزِمْ كَلِمِي مُخَفَّفْ» بولغان.

3. «الٓمٓ» دىگەن سۆزدە، ئۈچ ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى «ا»، بۇ ئەلف سوزۇلمايدۇ. ئىككىنچى ھەرپ «لام»، «لام» دىگەن سۆز، «ل، ا، م» دىن ئىبارەت ئۈچ سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەرپ، «مەد ھەرپى»، ئاخىرى ساكىنلىق ھەرپ

يەنى «م». مەزكۇر «لام» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى «م»، يەنە بىر «م»غا يولۇققانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايدا اِدْغَام هاسىل بولۇپ، بۇ مەد، «مَدٌّ لَازِمْ حَرْفِي مُثَقَّلْ» دەپ ئاتالغان. «الٓمٓ» نىڭ ئۈچىنچى هەرپى «م»، «ميم» دېگەن سۆز، ئۈچ هەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى بولسا مەد هەرپى، ئاخىرىدىكى هەرپ ساكىنلىق بولغاچقا، بۇ جايدا اِدْغَام هادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «الٓمٓ» دىكى ئۈچىنچى هەرپ «ميم»، «مَدٌّ لَازِمْ حَرْفِي مُخَفَّفْ» كە تەۋە بولىدۇ.

4. «حمٓ» دېگەن سۆزدە ئىككى هەرپ بار. بىرىنچى هەرپنىڭ تەلەپپۇزى «ح» بىلەن «ا» دىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، «حا» شەكلىدە ئوقۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇ «مَدّطَبِيعِي» گە ئوخشاش ئىككى هەركەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. «ميم» دېگەن سۆزدە مَدٌّ لَازِمْ حَرْفِي مُخَفَّفْ نىڭ شەرتى تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، مَدٌّ لَازِمْ نىڭ قائىدىسى بىلەن سوزۇلىدۇ.

5. مَدٌّ لَازِمْ دېگەن نېمە؟ مَدٌّ لَازِمْ نىڭ سوزۇلۇشى قانچىلىك؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مَدٌّ لَازِمْ دەپ ئاتالغان؟ مَدٌّ لَازِمْ نەچچە قىسىم؟ ئۇلار قايسىلار؟

# مەدلەرجەدۋىلى

«ۋ،ا،ى» مەدھەرپلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

## المد الطبيعي

ئىككى ھەركەت مىقدارى سوزۇلىدۇ.مەسىلەن: يَقُولُ، اِيمَانًا

مدالبدل: بۇ،ئىگامەدھەرپىنىڭ ئالدى ھەمزىلىك بولىدۇ. مەسىلەن: اُوتِيَ

مدالصلة: بۇ،ئىككى ھەركەتلىك ھەرپنىڭ ئارىسىدا كەلگەن «ە»دۇر. مەسىلەن: لَهُ صَاحِبَةٌ

مدالعوض: بۇ،وقف لىك ھالەتتىكى تەنۋىندۇر. مەسىلەن: عَلِيمًا حَكِيمًا

## المد الفرعي

مەدھەرپىدىن كېيىن ھەمزە ياكى ساكىن مەدگە سەۋەپ بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ سوزۇلۇشى ئىككى ھەركەت مىقدارىدىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە

مدمتصل: مەدھەرپى بىلەن ھەمزە بىر سۆزدە ئارقىمۇ ئارقا كېلىدۇ. تۆتتىن ئالتە ھەركەتكىچە سوزىلىدۇ. مەسىلەن: جَاءَ، غَائِلاً

مدمنفصل: مەدھەرپى بىرىنچى سۆزنىڭ ئاخىرىدا، ھەمزە كېيىنكى سۆزنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئىككىدىن ئالتە ھەركەتكىچە سوزىلىدۇ. مەسىلەن: انا انزلناه

مدعارض للسكون: مەدھەرپىنىڭ ساكىنغا يولۇققانلىقى ۋە بۇ جايدا توختىغانلىق سەۋەبىدىن ئىككىدىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە سوزىلىدۇ. مەسىلەن: اَلرَّحِيم

مدلين: «ۋ، ى»نىڭ ساكىنغا يولۇققانلىقى ۋە بۇ جايدا توختىغانلىق سەۋەبىدىن، ئىككىدىن ئالتە ھەركەت مىقدارىغىچە سوزىلىدۇ. مەسىلەن: خَوْف، قُرَيْش

مدلازم: مەدھەرپىدىن كېيىن ساكىنلىق ھەرپ كېلىپ داۋاملاشتانلىقى سەۋەبىدىن ئالتە ھەركەت مىقدارى سوزىلىدۇ. مەسىلەن: حاجە، الان

مدلازم كلمي مثقل: بۇ، مەدھەرپىدىن كېيىن تەشدىدلىك ھەرپ كەلگەن مەددۇر. مەسىلەن: الحاقة

مدلازم كلمي مخفف: بۇ، مەدھەرپىدىن كېيىن ساكىنلىق ھەرپ كەلگەن مەددۇر. مەسىلەن: آلْآنَ

مدلازم حرفي مثقل: بۇ، حروف مقطعات قائىدىسىدىكى مەددۇر. مەسىلەن: الٓمٓ

مدلازم حرفي مخفف: بۇھەم حروف مقطعات قائىدىسىدىكى مەددۇر. مەسىلەن: حمٓ، يسٓ

## 6. تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى
(مَخَارِجُ الْحُرُوفِ)

ھەرپلەر تاۋۇشلارنىڭ يېزىقتىكى بەلگىلىرى-دىن ئىبارەت. ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس چىقىش ئورۇنلىرى بار بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردىن بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تاۋۇشلار چىقىدۇ. ئەرەب تىلىدا تاۋۇشلار سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى، شەكىللىرى ھەم گراممatikىلىق قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولىدۇ. ئەگەر تاۋۇشلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىنمىغاندا، مەنىگە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. بۇ خىل خاتالىق. «تَجْوِيدْ» ئىلمىدە «لَحْنْ جَلِي» (ئېغىر خاتالىق) دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «عَلَمْ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، بەلگە ئالامەت دېگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ سۆزنى «اَلَمْ» دېگەن سۆزگە ئوخشاش ئەلف بىلەن تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭ مەنىسى دەرت، ئاغرىق دېگەن بولۇپ قالىدۇ. «طَيْرٌ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۇچقۇش دېگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ سۆزنى «تَيْرٌ» دېگەن سۆزگە ئوخشاش تا« بىلەن تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭ مەنىسى «شوملۇق» دېگەن بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ. تاۋۇشلارنىڭ كونكرېت چىقىش ئورۇنلىرى مۇنداق:

# تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە ھەرپلەر



ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ئاۋۇش ئىچىدىن 19 ئاۋۇش ئېيتىلىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناسىپ ئاۋۇشلارغا ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. ئەمما قالغان «ث، ح، ذ، ص، ض، ط، ظ، ع، ف» لاردىن ئىبارە توققۇز ئاۋۇش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلمەيدىغان بولغاچقا، ئاۋۋال ئاشۇ ئاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

| ھەرپلەر | تەلەپپۇز شەرتلىرى |
| --- | --- |
| ث | 1. تىل ئۈستۈنكى چىشنىڭ تۈۋىگە تىرىلىپ توساق ھاسىل قىلىدۇ؛ 2. ھاۋا تىلنىڭ ئۇچى قىسمى بىلەن ئۈستۈنكى چىش تۈۋى ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ؛ 3. ئاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. بۇ جاراڭسىز ئۆزۈك ئاۋۇش. |
| ح | 1. ئېغىز تەبىئىي ئېچىلىدۇ. تىل تۈۋى بۇتغۇنچاق يېنىغا تىركىلىپ تار يوچۇق قالىدۇ؛ 2. ھاۋا بۇتغۇنچاقتىكى يوچۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ؛ 3. ئاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. بۇ جاراڭسىز ئۆزۈك ئاۋۇش. |
| ذ | 1. تىل ئۇستى تەكشى تۇرىدۇ؛ تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش تۈۋىگە تېگىپ بىر ئاز توسالغۇ ھاسىل قىلىدۇ؛ 2. ھاۋا تىل ئۇچى بىلەن چىش تۈۋىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ؛ 3. ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. بۇ جاراڭلىق ئۆزۈك ئاۋۇش. |

| | |
|---|---|
| ص | 1. كالبۇكلار سەل يۇمىلاقلىشىدۇ؛ تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش تۈۋىگە يېقىنلىشىدۇ. تىل كەينى يۇمشاق تاڭلايغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ؛ 2. ھاۋا تىلنىڭ ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى چىش تۈۋى ئارىلىقىدىن سىيرىلىپ چىقىدۇ؛ 3. تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. بۇ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. |
| ض | 1. تىلنىڭ يېنى ئۈستۈنكى يان ئېزىقغا تەگكۈزۈلىدۇ، ھاۋا تىل يېنى بىلەن ئېزىق چىشىغا تاقىلىدۇ؛ 2. ھاۋا توساقنى يېمىرگەندە نەپەس نىسبەتەن ئاجىزراق چىقىدۇ؛ 3. ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. بۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. |
| ط | 1. تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش تۈۋى بىلەن قاتتىق تاڭلاي ئارىلىقىغا تىركىلىپ توساق ھاسىل قىلىدۇ. تىل كەينى يۇمشاق تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ؛ 2. ھاۋا بىراقلا پارتلاپ چىقىدۇ؛ 3. ئاۋاز پەردىسى تىترەيدۇ. بۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. |
| ظ | 1. كالپۇكلار سەل - پەل يۇمىلاقلىشىدۇ، تىل ئۇچى ئۈستۈنكى چىش تۈۋىگە يېقىنلايدۇ. تىل كەينى يۇمشاق تاڭلايغا كۆتۈرۈلىدۇ؛ 2. ھاۋا تىل ئۇچى بىلەن چىش ئارىلىقىدىكى تار يوچۇقتىن سىيرىلىپ چىقىدۇ؛ 3. تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ. بۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. |
| ع | 1. تىل ئۇچى تۈرۈلمەي، تىل كەينىگە سىلجىيدۇ. يۇتقۇنچاق ئۈستى مۇسكۇللىرى تارىيىپ، تىل تۈۋى يۇتقۇنچاق ئارقا تېمىغا تىركىلىپ توساق ھاسىل قىلىدۇ؛ 2. ھاۋا توساقنى يېرىپ، پارتلاپ چىقىدۇ؛ 3. تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ. بۇ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش. |

| | |
|---|---|
| ف | تىل تەبىئىي تەكشى ھالىتىدە تۇرىدۇ؛ 2. ئاستىنقى كالپۇك ئۈستۈنكى چىش بىلەن بوش تېگىشىدۇ؛ 3. ھاۋا چىش بىلەن كالپۇك ئارىلىقىدىكى تار بوچۇقتىن پارتلاپ چىقىدۇ؛ 4. تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ. بۇ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش. |

# 7. قبلىن ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر
## (حُرُوفُ التَّفْخِيم وَالتَّرْقِيق)

ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى بەزى ھەرپلەر قبلىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنداق ھەرپلەر بولسا، «حُرُوفُ التَّفْخِيم» يەنى قبلىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر دەپ ئاتىلىدۇ. قبلىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر تۆۋەندىكى يەتتە ھەرپتۇر: «خ، ص، ض، غ، ط، ق، ظ».

مەسىلەن: «خَالِدِينَ، اَلصَّادِقِينَ، اَلضَّالِّينَ، غَدَقًا» «فَطَافَ عَلَيْهَا طَائِفٌ» «وَقَالَ رَبُّكُمْ اُدْعُونِي اَسْتَجِبْ لَكُمْ» «ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ»

يۇقىرىدىكى يەتتە ھەرپتىن باشقا ھەرپلەر ئىنچىكە ۋە يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، «حُرُوفُ التَّرْقِيقْ» يەنى ئىنچىكە ۋە يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: «اَلتَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ الْاٰمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنْكَرِ»

ئەمما «ل» ۋە «ر» ھەرپلىرى بەزىدە قبلىن ۋە بەزىدە يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

## 1) «لام»

لام تۆۋەندىكى ھالەتتە قېلىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

«اَللّٰهُ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولسا، مەسىلەن: «خَتَمَ اللّٰهُ» «قَالَ اِنِّي عَبْدُاللّٰهِ» ئەگەر «اَللّٰهُ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زېرلىك بولسا ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «بِسْمِ اللّٰهِ» «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ»

## 2) «رائ»

تۆۋەندىكى تۆت خىل ھالەتتە «رائ» قېلىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

1. «ر» زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولسا، مەسىلەن: «رَبَّنَا، رُزِقْنَا»؛

2. «ر» ساكىنلىق بولۇپ، ئالدى پەشلىك ياكى زەبەرلىك بولسا، مەسىلەن: «وَقُرْءَانًا، فَارْتَقِبْ»؛

3. ئۇمۇمەن «هَمْزَةُ وَصْلِيَة» دىن كېيىن «ر» ساكىنلىق بولۇپ كەلسە، مەسىلەن: «اِرْجِعُوا اِلَي اَبِيكُمْ» «اَمِرْتَابُوا، لِمَنِ ارْتَضي»؛

4. مەلۇم بىر سۆزدە «ر» ساكىنلىق، بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زېرلىق، ئارقىسىدىكى ھەرپ زەبەرلىك «تَفْخِيمْ» ھەرپى بولسا،

مەسىلەن:

«مِرْصَادًا، قِرْطَاسْ، فِرْقَةٌ»

## 3) «رَاءْ»

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتە «راء» ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

1. «رِ» زىرلىق بولسا، مەسىلەن: «رِدْءًا، رِسَالَاتِ اللّٰهِ، فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ، فَرِهَانٌ»؛

2. «ر» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ ساكىنلىق «ي» بولۇپ، توختاپ ئوقۇغانلىق سەۋەبىدىن «راء» ھەم ساكىنلىق بولۇپ قالغان بولسا، مەسىلەن: خَبِيرْ، قَدِيرْ، بَصِيرْ؛

3. مەلۇم بىر سۆزدە «ر» ساكىنلىق بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىق بولسا، ئەمما ئارقىسىغا زەبەرلىك ياكى پەشلىك «تَفْخِيمْ» ھەرپى ئۇلانمىسا، مەسىلەن: وَاصْبِرْ، وَ فِرْعَوْنَ، شِرْذِمَةٌ

# 8. تىترىتىپ ئوقۇش
## (قَلْقَلَةْ)

ئۈزى ساكىنلىق بولغان قلقلة ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدىكى ھەرپ مەخرىجىنىڭ تىترىشى «قَلْقَلَة» دەپ ئاتىلىدۇ. قَلْقَلَة ھەرپلىرى «ق، ط، ب، ج، د» دىن ئىبارەت بەش ھەرپتۇر. بۇ ھەرپلەر «قُطْبِ جَدْ» ھەرپلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قَلْقَلَة ھەرپلىرى، سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە ئازىراق ئۇرغۇ بىلەن، سۆز ئاخىرىدا كېلىپ شۇ ھەرپتە توختىغاندا، كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

| ھەرپلەر | سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ھالىتى | سۆز ئاخىرىدا كەلگەن ھالىتى |
|---|---|---|
| ق | اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ | قُلْ اَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ |
| ط | اَلَّذِي اَطْعَمَهُمْ | وَاللّٰهُ مِنْ وَرَائِهِمْ مُحِيطْ |
| ب | وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا | وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ اِذَاوَقَبْ |
| ج | اِنَّ اِلٰى رَبِّكَ الرُّجْعٰى | وَاَنْبَتَتْ مِنْ كُلِّ زَوْجٍ بَهِيجٍ |
| د | وَمَا اَدْرَاكَ مَاهِيَهْ | لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ |

## 9. توختىۋېلىپ ئوقۇش

## (اَلسَّكْتَ)

ئوقۇشنى توختىتىپ، ئىككى ھەركەت مىقدارى تىنماي توختىۋېلىپ ئوقۇش «سَكْتَ» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندىكى تۆت جايدا «سَكْتَ» بىلەن ئوقۇلىدۇ.

1. «عِوَجًا قَيِّمًا» دېگەن جايدىكى «عِوَجًا» دە؛
2. «مِنْ مَرْقَدِنَا هٰذَا» دېگەن جايدىكى «مَرْقَدِنَا» دا؛
3. «كَلَّا بَلْ رَانَ عَلٰى قُلُوبِهِمْ» دېگەن جايدىكى «بَلْ» دە؛
4. «وَقِيلَ مَنْ رَاقٍ» دېگەن جايدىكى «مَنْ» دە.

# 10. توختاش
## (اَلْوَقْفُ)

مەلۇم بىر جۈملە ياكى بۆلەكنىڭ تولۇق ۋە ئېنىق مەنە ئاڭلىتالىشى ياكى ئاڭلىتالماسلىقى، شۇنداقلا مەنىنىڭ ئالدى - كەينى بىلەن باغلىنىشى، ئوقۇش جەريانىدىكى توختاشقا تېگىشلىك جايلاردا توختاش ياكى توختىماسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندە توختاشقا بولىدىغان جايلار بىلەن توختاشقا بولمايدىغان جايلار تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### 1) توختاشقا بولىدىغان جايلار

(1) مەلۇم بىر مەنە ئاياغلىشىپ، ئىككىنچى بىر مەنە باشلىنىش ئالدىدا توختايدۇ.

مەسىلەن:

قُلْ هُوَاللّٰهُ اَحَدٌ

(2) سۆزنىڭ ئاخىرى قوش پەشلىك ياكى زەبەرلىك ۋە ياكى تەشدىدلىك بولۇپ، بۇ جايلاردا توختاشقا تېگىشلىك بولۇپ قالسا، ساكىنلىق ھالەتتە توختايدۇ.

مەسىلەن:

«سَلاَمٌ» نى «سَلاَمْ» دەپ «تَعْلَمُونَ» نى «تَعْلَمُونْ» دەپ «اَيْنَ الْمَفَرُّ» نى «اَيْنَ الْمَفَرْ» دەپ

توختاپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

(3) ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرى قوش زەبەرلىك بولۇپ، بۇ جايلاردا توختاشقا تېگىشلىك بولۇپ، قالسا، «ئَلِفْ» ھالىتىدە توختايدۇ. مەسىلەن: «تَوَّابًا»نى «تَوَّابَا» دەپ «حِسَابًا» نى «حِسَابَا» دەپ «مِهَادًا»نى «مِهَادَا» دەپ توختاپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

(4) ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرى «ـة، ة» بولۇپ، بۇ جايلاردا توختاشقا تېگىشلىك بولۇپ قالسا، ساكىنلىق «ھې» ھالىتىدە توختايدۇ. مەسىلەن: «رَاضِيَةٌ» نى «رَاضِيَه» دەپ «عَالِيَةٌ» نى «عَالِيَه» دەپ، «مَرْفُوعَةٌ» نى «مَرْفُوعَه» دەپ توختاپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرى ھەركەتلىك ھالەتتىكى «ت» بولسا، توختىغاندا ساكىنلىق ھالەتتە توختايدۇ. مەسىلەن: «لَايَمُوتُ» نى «لَايَمُوتْ» دەپ، «وَيُمِيتُ»نى «وَيُمِيتْ» دەپ ئوقۇغانغا ئوخشاش.

(5) پاسىل بەلگىسىنىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان كىچىك «م» توختاش زۆرۈر دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: فِيهَا عَيْنٌ جَارِيَةٌ ۘ

«إِنَّمَا يَسْتَجِيبُ الَّذِينَ يَسْمَعُونَ ۘ وَالْمَوْتَىٰ يَبْعَثُهُمُ اللَّهُ»

(6) پاسىل بەلگىسىنىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان «ج» تۇرۇشقىمۇ، تۇرماسلىققىمۇ بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «إِنَّ لَكُمْ لَمَا تَحْكُمُونَ ۝»

«نَحْنُ نَقُصُّ عَلَيْكَ نَبَأَهُمْ بِالْحَقِّ ۚ إِنَّهُمْ فِتْيَةٌ آمَنُوا بِرَبِّهِمْ».

(7) پاسىل بەلگىسىنىڭ ۋە ياكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان «صلي»، توختاش دۇرۇس، لېكىن توختىماسلىق ياخشىراق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

«نِعْمَ أَجْرُ الْعٰمِلِينَ ۝ الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَلَىٰ رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ»

«وَإِنْ يَمْسَسْكَ اللّٰهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِنْ يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ»

(8) مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان «قلي»، توختاشقىمۇ ـ توختىماسلىققىمۇ بولىدۇ، لېكىن توختاش ياخشىراق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «قُلْ رَبِّي أَعْلَمُ بِعِدَّتِهِمْ مَا يَعْلَمُهُمْ إِلَّا قَلِيلٌ ۗ فَلَا تُمَارِ فِيهِمْ»

(9) جۈملە ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «∴ ∴» ئارقىمۇ ئارقا توختاشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ بەلگىدە توختاشقا توغرا كەلسە، ئارقىمۇ ئارقا توختاش كېرەك، ياكى توختىماسلىق كېرەك. مەسىلەن:

«ذٰلِكَ الْكِتٰبُ لَا رَيْبَ ۛ فِيهِ ۛ هُدًى لِلْمُتَّقِينَ»

## 2) توختاشقا بولمايدىغان جايلار

(1) تولۇق بىر مەنا ئاياغلاشماستىن توختاش، مەسىلەن: «بِسْمِ اللّٰهِ» دە «بِسْمِ» دەپ «اَلْحَمْدُ

لِلّٰهِ» دا «اَلْحَمْدُ» دەپ «اِيَّاكَ نَعْبُدُ» دا «اِيَّاكَ» دەپ توختىغانغا ئوخشاش.

ئەگەر ئوقۇش جەريانىدا نەپەس يېتىشمەي، توختاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، نەپەس ئېلىۋېلىپ، ئالدىنقى سۆزدىن قوشۇپ ئوقۇپ داۋاملاشتۇرىدۇ.

(2) خاتا مەنە بېرىپ قويىدىغان شەكىلدە توختاش مەسىلەن: «يَآاَيُّهَاالَّذِينَ آمَنُوا لَاتَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَاَنْتُمْ سُكَارٰي» دېگەن جايدىن «وَاَنْتُمْ سُكَارٰى» نى ئوقۇماي توختىۋالغانغا ئوخشاش.

(3) پاسىل بەلگىسىنىڭ ۋەياكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان «لا»، توختاشقا بولمايدۇ دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «وَالشَّفْعِ وَالْوَتْرِ ۝ وَالَّيْلِ اِذَايَسْرِ ۝» «اَلَّذِينَ تَتَوَفّٰهُمُ الْمَلٰئِكَةُ طَيِّبِينَ يَقُولُونَ سَلٰمٌ عَلَيْكُمْ اُدْخُلُوا الْجَنَّةَ»

# پايدىلانغان كىتابلار


1. «قاعدة بغدادية» (باغداتتا تۈزۈلگەن قائىدە)، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باستۇرغان. 1996 ـ يىل نەشرى.

2. «ئەرەب تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

3. «ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

4. «ئېلىپبە» (باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ يىللىقلىرى ئۈچۈن) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى. 1991 ـ يىل نەشرى.

5. هداية المستفيد في احكام التجويد (تەجۋىد ئەھكاملىرىدىن پايدىلانغۇچىلار يېتەكچىسى) لوبنان، ئىلمى كىتابلار نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

6. الملخص المفيد فى علم‌التجويد (تەجۋىد ئىلمى خۇلاسىلىرى) سەئۇدى ئەرەبىستان تەيبە نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشرى.

7. قواعدالترتيل الميسرة (تەلەپكە لايىق ئوقۇش قائىدىلىرى) سەئۇدى ئەرەبىستان مەنھەل نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

# ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى مۇھىم قائىدىلەر

تۈزگۈچى: تاھىر قادىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001-يىل 10-ئاي 1-نەشرى
2002-يىل 12-ئاي 2-بېسىلىشى
تىراژى: 3000—6000
ISBN7—228—06728—2/H. 445
باھاسى: 8.00 يۈەن

بۇ كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقى مۇئەللىپىنىڭ ئۆزىدە. تىراژ قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۆزى بىجىرىدۇ. قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئېھتىياجلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلاشسا ئېتىبار باھادا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

ئالاقىلاشقۇچى: تاھىر ھاجىم
تېلېفون: 0991-2569350 يانفون: 13139617833

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئادىلجان ئايىت

خەتتات : ھاجى ئابدۇلمەجىد ھاپىز

# القاعدة

بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي ئوقۇش قائىدىلىرى
قىسمىدا تاۋۇش بەلگىلىرى ، يەنى زەبەر ، زىر ،
پەش قاتارلىقلار . قوشۇمچە ئوقۇش قائىدىلىرى
قىسمىدا ، تەجۋىد ئىلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم قائىدى-
لىرىدىن ، تەنۋىن ۋە ساكىنلىق نۇنىنىڭ ئوقۇ-
لۇشى، يەنى اظهار، ادغام ،اخفاء،اقلاب، تەشدىد-
لىك مىم ۋە نۇنىنىڭ ئوقۇلۇشى ، مد ۋەئۇنىڭ
تۈرلىرى قلقلة ۋە سكت قاتارلىقلار چۈشىنىش-
لىك بايان قىلىندۇ.

ISBN 7-228-06728-2

9 787228 067282 >

ISBN 7 – 228 – 06728 – 2
H.445 (民文) 定价 8.00 元